# دەل يەلكەن چىقىرىپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن مەزگىل

## ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ـــ ئىسلاھاتتا ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان تەرەققىياتتىن تېخىمۇ نەپكە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇندى.

«يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇش كېرەك.» 2017 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسى»دىكى ئورۇنلاشتۇرما كىشىنى تەقەززا قىلىدىغان قۇرۇلۇش خەرىتىسىلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلىشىپ، نەچچە يۈز مىليون دېھقاننىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرمەكتە.

ئىسلاھاتتا جەزمەن تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىمەن قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىش كېرەك.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى دەل جايىدا يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش نىشانىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە.

### جۇڭگو زېمىنىدىكى ئىللىق باھار دولقۇنىغا نەزەر

**ـــ ئىسلاھاتتا دىققەت پۇقرالار ئېھتىياجلىق بولغان، تەقەززا بولغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاغرىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلار ھەل قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىندى**

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدىكى مۆجىزە ـــ

بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گۇيجۇ ئۆلكىسى قېپقالغان توققۇز نامرات ناھىيەنىڭ نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، دۆلىتىمىزدىكى 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ھەربىر نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئارقىدىكىسىنىڭ ھەممىسى جان تىكىپ ئېلىشىشقا توغرا كېلىدىغان بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئىسلاھات ۋەزىيىتىدە بۆسۈش قىلىپ يول ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، پۇقرالار نېمىگە كۆڭۈل بۆلسە، نېمىنى ئارزۇ قىلسا، ئىسلاھاتتا شۇنى تۇتۇش، شۇنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك، ئىسلاھات ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىش كېرەك».

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز» دېگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

خەلقنىڭ ساداسىغا ئىسلاھاتتا جاۋاب قايتۇرۇلدى.

ئالدىنقى يىللاردا، بىر قىسىم جايلاردا قىش پەسلىدە «تەبىئىي گاز قەھەتچىلىكى» كۆرۈلۈپ، ئاممىنىڭ قىشنى ئىسسىق ئۆتكۈزۈشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. 2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق يىغىنىدا نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى تەقسىملەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نېفىت، تەبىئىي گاز بىلەن بىخەتەر، مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاغرىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلار ئىسلاھاتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى قىلىنىپ، ھەم قاراتمىلىققا، ھەم ئۈنۈمدارلىققا ئىگە بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈلدى، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەندىشىلەر تۈگىتىلدى.

خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىق قوغدالدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «پارتىيەمىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈپ مەقسىتى جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈش».

بىر قاتار ئەدلىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدبىرلىرى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، قويۇپ بېرىلگەن «پايدا» خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش مەۋقە ۋە مەقسەت قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىققا بولغان ساداسى ھەقىقىي قاندۇرۇلدى.

شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى پەرقى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپى شەكىللەندى؛ مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش ئىسلاھاتى يېڭىلىق ياراتقۇچىلار، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە تېخىمۇ كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى؛ ئۆينى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى... ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپى، ئوخشاش بولمىغان ياشتىكىلەر، ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتتىكى كىشىلەر ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ خەلق تۇرمۇشى ئاساسىنى ھېس قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مول نەتىجىلىرىدىن بەھرىلەندى.

خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ماددىي قاتلامدىكى يۈكسىلىشتىن كېلىپلا قالماي، يەنە مەنىۋى قاتلامدىكى ھاسىلاتتىن ئايرىلالمايدۇ.

2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر نەزەرىيە، سىياسەت ئۆگىنىدىغان مەكتەپ، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان سەھنە، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سۇپىغا ئايلىنىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى ـــ

ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلدى؛ ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، يېڭىچە ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇ سېپى كۈنسېرى كېڭەيتىلدى؛ سەددىچىن سېپىلى، چوڭ قانال، ئۇزۇن سەپەر دۆلەت مەدەنىيەت باغچىسى پىلانلىنىپ قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇندى؛ مەدەنىيەتنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى... سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى يۇمشاق ئەمەلىي كۈچى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنىڭ ئاساسى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ، «مەدەنىيەت گۈللەنسە دۆلەت گۈللىنىدۇ، مەدەنىيەت قۇدرەت تاپسا مىللەت قۇدرەت تاپىدۇ»دىن ئىبارەت جانلىق مەنزىرە جۇڭخۇا زېمىنىدا نامايان بولماقتا.

### يەلكەن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇلۇغۋار پىلان نامايان قىلىندى

**ـــ تەرەققىيات نىشانى بېكىتىلىپ، گۈللىنىش ئۇلۇغ ئىشىغا نەزەر سېلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ**

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ھەممە كىشى دىققەت قىلىۋاتقان پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

«ئىسلاھاتنى تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرلىشىش ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.» مەركەز ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 16 ـ قېتىملىق يىغىنى يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تومۇر تۇتۇپ يۆنىلىشنى بەلگىلىدى.

كېيىنكى بەش يىلغا يۈزلەنگەندە، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يۆنىلىشى تېخىمۇ ئېنىق، يولى تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى. دىققەت «14 ـ بەش يىل»غا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئىسلاھات ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى توپلانماقتا.

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىسلاھاتنى پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك ـــ

تۈزۈم قاتلىمىدىكى ئىسلاھات ئەڭ چوڭقۇر كۈچكە ئىگە. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، يېزا ئىسلاھاتى، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە تۈزۈم جەھەتتىن مەسىلە ھەل قىلىندى.

«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.» پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق مەركەز ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

كىچىك ئەقىل ئىشنى ئىدارە قىلىدۇ، چوڭ ئەقىل تۈزۈمنى ئىدارە قىلىدۇ.

يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھاتتا سىستېمىلىق، بىر پۈتۈنلۈك، ماسلىشىشچانلىقنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ پىششىق يېتىلگەن، تېخىمۇ مۇقىم تۈزۈم ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلاھات ۋە قانۇنچىللىق خۇددى قۇشنىڭ بىر جۈپ قانىتى، ھارۋىنىڭ ئىككى چاقىغا ئوخشايدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش قانۇنچىللىق كاپالىتىگە موھتاج، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشمۇ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا موھتاج».

ئىسلاھات ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىش باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق رامكىسى ئىچىدە يولغا قويۇلىدۇ، ئىسلاھات بىلەن قانۇنچىللىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىسلاھاتنى پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك ـــ

2016 ـ يىلى، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىگە ئۈچ يىل بولغان پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى: «دادىل سىناق قىلىپ، دادىل بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ، كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تۈزۈمدىكى تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى تەجرىبە ئېتىزلىق رولىنى يەنىمۇ نامايان قىلىش كېرەك».

2020 ـ يىلى، دۆلىتىمىز بېيجىڭ، خۇنەن، ئەنخۈيدا ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىش ھەم جېجياڭ ئەركىن سودا سىناق رايونىنى كېڭەيتىشنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەركىن سودا سىناق رايونى 21گە يېتىپ، نەچچە يۈز تۈرلۈك تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى پۈتۈن مەملىكەتكە ياكى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايونلارغا يۈزلىنىپ كۆپەيتىلىپ، كېڭەيتىلىپ، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت سورتلۇق ئۇرۇق پۈتۈن مەملىكەتكە چېچىلدى.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇنۇپ، تەرەققىيات سۈپىتى، قۇرۇلمىسى، كۆلىمى، سۈرئىتى، ئۈنۈمى، بىخەتەرلىكىنىڭ بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىك بىرتۇتاش ياخشى پىلانلىنىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى... تەرەققىياتنىڭ «بولۇش ـ بولماسلىق»تىن «ياخشى بولۇش ـ بولماسلىق»قا ئۆزگىرىشى كۈنسېرى نامايان بولماقتا.

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىسلاھاتنى پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن خەلقنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش كېرەك ـــ

2019 ـ يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ ساۋچاڭ ستاۋدىكى «كىچىك ھويلا كېڭىشىش زالى»غا كىرىپ، كېڭىشىۋاتقان ئاھالىلەر بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاھالىلەرنىڭ ئىشىنى ئاھالىلەر كېڭىشىش، ئاھالىلەرنىڭ ئىشىنى ئاھالىلەر بېكىتىش» مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە باش قەھرىمانلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، مەھەللە ئىدارە قىلىش ۋە مۇلازىمەتنى تۈجۈپلەشتۈرۈش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

خەلق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇشتىكى كۈچ مەنبەسى.

خەلق ئۆزىگە ئىگە بولۇش تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش، قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى؛ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيەسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى، نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇلدى؛ خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، كۆپ قاتلاملىق كېڭىشىش ئاساسىدىكى دېموكراتىيە سىستېمىسى تېز بەرپا قىلىندى... بەش يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە خەلق ئىسلاھاتقا قاتنىشىدىغان، ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان تۈزۈمنى تېخىمۇ يېتىلدۈرۈپ، مېخانىزمنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىسلاھاتنى پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن پارتىيەنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش كېرەك ـــ

مۇساپە قانچە ئۇلۇغۋار بولسا، يول باشلىغۇچىنىڭ كۈچىگە شۇنچە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ پارتىيەنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە مۇقىم قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يولۋاسقىمۇ، چىۋىنگىمۇ زەربە بېرىشتە چەكلەنگەن رايون بولماسلىق، تولۇق قاپلاش، قىلچە يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىپ، قاچقۇنلارنى تۇتۇپ، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش سالمىقىنى زورايتىشتىن، دۆلەت رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆزىتىش ـ نازارەتچىلىكنىڭ «شەمشەر»لىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقىچە؛ كوچا، مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسلۇق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىن، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ سىستېمىلىقى، ئىجادچانلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكىچە... پارتىيە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تاۋلىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

شىددەتلىك ئېقىننىڭ بېشىدا تۇرغاندىلا، دولقۇننىڭ شىددەتلىك، بوراننىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلگىلى بولىدۇ؛ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغاندىلا، زېمىننىڭ كەڭلىكى، ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھازىرقىدەك، دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مۇساپىسىگە قەدەم قويغان مەزگىلدە، ئىسلاھات يەنە بىر قېتىم يېڭى پەيتكە توغرا كەلدى.

ھازىر، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇلۇغ يۈرۈشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى تۈپ مىزان قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەيدۇ!

**(مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، ۋاڭ چى، ۋاڭ پېڭ، لىن خۈي، دىڭ شياۋشى)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك نىشان بىلەن قىسقا مۇددەتلىك نىشاننى تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش بىلەن مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، دىققەت گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە روشەن كەمتۈكلۈكلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلدى، ئاممىنىڭ ئىلتىماس ـ تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇلدى، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى، نىشان ـ ۋەزىپىسى، مۇھىم تەدبىرلىرى ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ۋە مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە بولۇپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى.

ئومۇمىي يىغىندا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى كۈچەيتىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى يېڭى يۈكسەكلىككە ئېرىشىدۇ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈلىدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ سەككىز «يېڭى» دېگەن سۆزدە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتى، يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى كەيپىياتى سۈرەتلەپ بېرىلگەن، گۈزەل ئىستىقبال كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، يېڭى مۇساپە باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلاننى جانلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلنى تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىغىندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە خىزمەت تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى ۋەزىپىسى، يېڭى تەلىپىگە قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»دىكى خىزمەتلەرنى پىلانلاش كېرەك. دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە كۆلپەت ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پائال نەتىجە يارىتىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلقنى تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشقا پائال سىڭىشىش كېرەك.

«سوتسىيالىزم ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېڭى دەۋر كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن»، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»دا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى.